# شى جىنپىڭ فىرانسىيە زۇڭتۇڭى ماكرون بىلەن سۆھبەتلەشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى بەزى ئىختىلاپلارغا قارىتا، فىرانسىيە تەرەپ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش روھى بويىچە مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىشنى خالايدۇ. فىرانسىيە كارخانىلىرى جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا جۇڭگو بازىرىغا كىرىپ، جۇڭگوغا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىشنى كېڭەيتىپ، ئاۋىياتسىيە، ئالەم قاتنىشى، پۇقراۋى يادرو ئېنېرگىيەسى قاتارلىق ئەنئەنىۋى ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كېڭەيتىشنى قىزغىن ئۈمىد قىلىدۇ. جۇڭگو تەرەپنىڭ فىرانسىيەدە ياۋرو زايومى تارقىتىشى فىرانسىيەگە نىسبەتەن مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. فىرانسىيە تەرەپ جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ فىرانسىيەگە بېرىپ ھەمكارلىشىشىغا نىسبەتەن ئېچىۋېتىش پوزىتسىيەسىدە بولىدۇ، جۇڭگو كارخانىلىرىغا قارىتا بازار دەرۋازىسىنى تاقاپ قويمايدۇ. فىرانسىيە تەرەپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا - ئاسىيا ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ئىستراتېگىيەسى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، يېشىل «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى خالايدۇ. فىرانسىيە بىلەن جۇڭگو ئادەمىيەت ئالاقىسىنى كېڭەيتىپ، مەدەنىيلىكتىن ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك. فىرانسىيە بىلەن جۇڭگو كۆپ تەرەپچىللىكنى ئورتاق قوغداپ، تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئىران يادرو مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىستراتېگىيەلىك پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئىسلاھاتىدا ئىلگىرىلەشنى بالدۇرراق قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. فىرانسىيە بىلەن جۇڭگو «فىرانسىيە - جۇڭگو جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى بېيجىڭ تەشەببۇسى»نى بىرلىكتە ئېلان قىلىدۇ، ئىككى دۆلەت بۇ مۇھىم مەسىلىلەردە يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرسا بولىدۇ. ھازىرقى ئېنىقسىزلىققا تولغان دۇنيادا، ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى ئىنتايىن مۇھىم، فىرانسىيە تەرەپ ياۋروپا - جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ چوڭقۇر تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ياۋروپا - جۇڭگو سېلىنما كېلىشىم سۆھبىتى مۇساپىسىنى تېزلىتىشنى خالايدۇ.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى كۆپ تۈرلۈك ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنىڭ ئىمزالىنىشىغا ئورتاق گۇۋاھ بولدى، بۇ، ئاۋىياتسىيە، ئالەم قاتنىشى، يادرو ئېنېرگىيەسى، جەددىي ئىشلارنى باشقۇرۇش، مەدەنىيەت مىراسلىرى، يېزا ئىگىلىكى، سانائەت، تەبىئەتنى قوغداش، پۇل مۇئامىلە، ئۈچ تەرەپ ھەمكارلىقى قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى بىرلىكتە جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك مۇخبىرلار بىلەن كۆرۈشتى ھەم جۇڭگو ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى بىلەن ياۋروپا ئىتتىپاقىنىڭ جۇغراپىيەلىك بەلگىنى قوغداش ۋە ھەمكارلىق كېلىشىم سۆھبىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قوشما باياناتى»نى ئىمزالىشىغا ئورتاق گۇۋاھ بولدى.

ئىككى دۆلەت «جۇڭگو - فىرانسىيە مۇناسىۋىتى ھەرىكەت پىلانى» ۋە «جۇڭگو - فىرانسىيە جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى قوغداش ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشى بېيجىڭ تەشەببۇسى»نى بىرلىكتە ئېلان قىلدى.

ماكروننىڭ گۇۋاھلىقىدا، شى جىنپىڭ فىرانسىيەنىڭ يىگىرمىدىن تەيىنلەنگەن جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لو لىياڭ تاپشۇرغان دۆلەت خېتىنى قوبۇل قىلدى.

سۆھبەتتىن ئىلگىرى، شى جىنپىڭ خەلق سارىيىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى مەيداندا ماكرون ئۈچۈن قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

پېڭ لىيۈەن، ياڭ جيېچى، خۇ چۈنخۇا، ساۋ جيەنمىڭ، ۋاڭ يى، شيا باۋلۇڭ، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت. جۇڭگونىڭ دەرۋازىسى باشتىن - ئاخىر دۇنياغا ئېچىۋېتىلىدۇ، فىرانسىيە، ياۋروپانىڭمۇ دەرۋازىسىنى جۇڭگولۇق مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئادىل ئېچىۋېتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: جۇڭگو باشتىن - ئاخىر جۇڭگو - ياۋروپا مۇناسىۋىتىگە ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىدۇ، فىرانسىيە ۋە ياۋروپا بىلەن بىللە كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قەتئىي قوللاپ، قورۇقچىلىققا، يەككە تەرەپچىللىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىن، ئېچىۋېتىلگەن سودا ۋە سېلىنما سىياسەت مۇھىتى بەرپا قىلىپ، دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشنى خالايدۇ.

بىز ئېچىۋېتىش، سىغدۇرۇشچان بولۇش پوزىتسىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئوچۇق، پاك، يېشىل بولۇش ئىدىيەسى بويىچە، ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلغان خەلقئارا قائىدە - ئۆلچەملەرنى پائال ئۇدۇللاشتۇرۇپ، يۇقىرى ئۆلچەملىك بولۇش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇش نىشانىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتتە ئورتاق قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. بىز يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭگو بىلەن فىرانسىيەنىڭ تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قوش يۆنىلىشتە ئېچىۋېتىلگەن، ئادىل رىقابەتلىشىدىغان سېلىنما مۇھىتى يارىتىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا ھەمكارلىق يوشۇرۇن كۈچىنى قېزىشىمىز، ھەمكارلىق يارقىن نۇقتىسىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. بىز چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيەتچانلىقىنى ئادا قىلىپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش قىزىل رەقىمىنى ھەمكارلىشىپ تۈگىتىپ، كۆپ تەرەپچىللىكنى قوغداپ، يەر شارىۋى خىرىسقا قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشىمىز كېرەك.

ماكرون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: فىرانسىيە تەرەپ جۇڭگونىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشنى يۈكسەك ئالقىشلايدۇ، بۇنىڭ فىرانسىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنى مۇھىم پۇرسەت بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. فىرانسىيە كارخانىلىرى باتۇرلۇق بىلەن ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش روھى بىلەن جۇڭگو بازىرىنى داۋاملىق ئېچىشى كېرەك. فىرانسىيە ۋە ياۋروپامۇ جۇڭگوغا بازىرىنى ئېچىۋېتىپ، جۇڭگو كارخانىلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىشىنى قارشى ئېلىپ، ئۇلارنى ئادىل رىقابەتلىشىدىغان تىجارەت - سودا مۇھىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك. فىرانسىيە بىلەن جۇڭگو، ياۋروپا بىلەن جۇڭگو كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش، دۇنيا سودا تەشكىلاتى ئىسلاھاتى، كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردە ماسلىشىش، ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك.

ياڭ جيېچى، خۇ چۈنخۇا، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

# ئاپتونوم رايونىمىز كۆز، قىش پەسىللىك ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى ئاچتى

## ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتى يۈزبېرىشنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۈجاۋ خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ كۆز، قىش پەسىللىك ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتى نەق مەيدان ئىلگىرى سۈرۈش يىغىنى جىڭ ناھىيەسىدە ئېچىلدى. يىغىندا ھازىرقى ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىنىڭ ۋەزىيىتى ئومۇميۈزلۈك تەھلىل قىلىنىپ، ھۆكۈم قىلىنىپ، كۆز، قىش پەسىللىك ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىگە قارىتا قايتا ئورۇنلاشتۇرۇش، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتى يۈزبېرىشىنىڭ قەتئىي ئالدى ئېلىنىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت ئۆچۈرۈشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، ئورمان ئوت ئاپىتى يۈزبېرىش قېتىم سانى، ئوت كەتكەن كۆلەم ۋە زىيانغا ئۇچرىغان ئورمان كۆلىمىدىن ئىبارەت ئۈچتە تۆۋەنلەشنى ئىشقا ئاشۇردى، ئوت ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش يىللىق ئوتتۇرىچە نىسبىتى داۋاملىق بىرقەدەر تۆۋەن سەۋىيەدە ساقلىنىپ، ئورمان ئوت ئاپىتىنىڭ 24 سائەتتە ئۆچۈرۈلۈش نىسبىتى%100تە ساقلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل ئىناق، مۇقىم بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتى ئېغىر، زور خەۋپ - خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈگىتىشتىكى سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي ئۈستىگە ئېلىپ، ھەققىي ئەسقاتىدىغان كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىنتايىن ئەستايىدىل، مەسئۇلىيەتچان پوزىتسىيە بىلەن ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئوت ئۆچۈرۈش خىزمىتىگە ئاتلىنىشى كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت تۈزۈلمىسى، مېخانىزمنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك. خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تەشۋىق - تەربىيە جايىدا بولۇش، مەنبەدىن باشقۇرۇش، كونترول قىلىش جايىدا بولۇش، جەددىي تاقابىل تۇرۇش تەييارلىقى جايىدا بولۇش، ئاساسىي كاپالەت جايىدا بولۇش، ئوت دېلوسىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش جايىدا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم، تېخىمۇ ئەمەلىي تەدبىر، تېخىمۇ قاتتىق نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئارقىلىق ئورمان، ئوتلاق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى كونترول قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پۈتۈن يىللىق ئورمان ئوت ئاپىتىنىڭ زىيىنىغا ئۇچراش نىسبىتىنى ‰0.8تىن تۆۋەن كونترول قىلىش مەسئۇلىيەت نىشانىنى ئورۇنداشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

# ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى تارماقلار پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى

## تۈزۈم ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك

گېزىتىمىز ئۇنىۋېرسال خەۋىرى يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كۆپ تارماقلار ئارقا - ئارقىدىن يىغىن ئېچىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسى:

### ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىدىيەۋى كاپالەت ۋە ئاممىۋى پىكىر مەدەتچى بىلەن تەمىنلەيمىز

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت سىستېمىسى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى تەتقىق قىلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە، شۇنداقلا تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدىكىلەر جەزمەن زىممىگە ئالىدىغان مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت. پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدىكىلەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، «قارار»نىڭ ئورۇنلاشتۇرما، ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، كۈچلۈك سىياسىي مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى ۋە بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن ئۆگىنىش، تەشۋىقات قىزغىنلىقىنى تېزدىن قوزغاپ، ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىدىيەۋى كاپالەت ۋە ئاممىۋى پىكىر مەدەتچى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە سېپىدىكىلەر پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنى روھىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە يادرولۇق مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىگىلىشى كېرەك. يۆنىلىشنى ياخشى ئىگىلەپ، ئاساسىي رىتىمنى ياخشى ئىگىلەپ، ۋاقىت، ئۆلچەم، ئۈنۈمنى ياخشى ئىگىلەپ، شىنجاڭنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى كېرەك. ئۆگىنىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىننى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش نەتىجە - ئۈنۈمنى ئەمەلىي خىزمەتلەردە نامايان قىلىپ، كونكرېت ھەرىكەتلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىشنىڭ يېڭى نەتىجىسى ئارقىلىق، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تەشۋىقات، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشتا يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى:

### باش نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەيمىز

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى بۆلۈم ئىشلىرى يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى مەخسۇس تېمىدا يەتكۈزدى، ئۆگەندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى جى جېڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسى، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسلىق ئورنىنى قەتئىي قوغداپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى خىزمەتلەرنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى، ھەرقايسى ھالقىلىرىغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ روشەن ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە غايەت زور ئەۋزەللىكىنى چوڭقۇر تونۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى ئۆزلۈكسىز چىڭىتىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىشنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھازىرقى تەشكىلات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تۈرلۈك خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى:

### دىققەتنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىمىز

11 - ئاينىڭ 2 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى ۋە كەڭ ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە كادىرلىرى پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەققىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. بىرىنچى، چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشتە ئۈلگە بولۇشقا كۈچەش كېرەك. ئىككىنچى، سىياسىي جەھەتتە نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. پارتىيە نىزامنامىسى ۋە ئاساسىي قانۇندا بېرىلگەن ۋەزىپە - مەسئۇلىيەتكە ئاساسەن، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىش داۋامىدا، نازارەت قىلىش، كاپالەتلىك قىلىش، ئىجرا قىلىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. ئۈچىنچى، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. دىققەتنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيەنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تەلىپىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، باشتىن - ئاخىر نازارەت قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك؛ يۇقىرى - تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىشتە چىڭ تۇرۇپ، باش تېما تەربىيەسى ئورۇنلاشتۇرمىسىنىڭ تۈرلۈك مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى بىرتۇتاش ئالغا سىلجىتىش كېرەك؛ چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشنىڭ يۇقىرى بېسىم ھالىتىنى ساقلاش بىلەن بىللە، دېلو ئارقىلىق تۈزىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىدىيەۋى - سىياسىي تەربىيەنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

(مۇخبىرلىرىمىز مېھرىگۈل غوپۇر، جاڭ يەنفاڭ، لياڭ لىخۇا، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز خۇاڭ ۋېنفاڭ يازغان)

# شىنجاڭ ئاخبارات ساھەسىدىكىلەر 20 - قېتىملىق جۇڭگو ئاخباراتچىلار بايرىمىنى تەبرىكلىدى

مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ خەۋەر قىلىدۇ: 20 - قېتىملىق جۇڭگو ئاخباراتچىلار بايرىمى يېتىپ كېلىش پەيتىدە، 11 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، ئاپتونوم رايونىمىز تەقدىرلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، جۇڭگو ئاخبارات مۇكاپاتى، شىنجاڭ ئاخبارات مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋە ئاپتونوم رايون بويىچە ئون مۇنەۋۋەر ئاخبارات خىزمەتچىسىنى تەقدىرلىدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى تيەن ۋېن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى كەڭ ئاخبارات خىزمەتچىلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تەشۋىقات - ئىدىيە خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى زىچ چۆرىدەپ، توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە ئاممىۋى پىكىر يۆنىلىشىدە باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، تاراتقۇلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، ئاخبارات ئىشلىرىدا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئاخبارات سېپىدىكىلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش دولقۇنىنى تېز قوزغىشى كېرەك. سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيەۋىلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، جاسارەت بىلەن يېڭىلىق يارىتىپ، يېزىقچىلىق ئىستىلىنى ئۆزگەرتىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئاساسىي مېلودىيەنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئاكتىپ كۈچ تارقىتىشى كېرەك. «ئايىغى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر، زېھنى ئوچۇق، قەلىمى كۈچلۈك» بولۇشنى تىرىشىپ ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، ئىدىيەۋىلىككە ئىگە، يېقىشلىق، سۈپەتلىك نادىر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن ياخشى ئاممىۋى پىكىر كەيپىياتى يارىتىشى كېرەك.

تەقدىرلەش يىغىنى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئاخبارات خىزمەتچىلىرى ئۆزلىرى تەييارلاپ، ئۆزلىرى رېژىسسورلۇق قىلغان، تاراتقۇ خىزمەتچىلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجە - ئۈنۈمى ۋە ياخشى قىياپىتىنى نامايان قىلغان ئېسىل نومۇرلارنى ئورۇنلىدى.